# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارى

(2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى رەئىس نۇرلان ئەبىلمەجىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى تەستىقلىدى.

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى

(2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى 2021 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قاتارلىق ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى، چوڭ يىغىندا قىلىنغان سۆزلەرنى ئاڭلىدى، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى، ئەزالار بىلەن مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات تەدبىرىنى ئورتاق كېڭەشتى. يىغىن رەئىس نۇرلان ئەبىلمەجىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى، مۇئاۋىن رەئىس ئىلھام سابىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى تولۇقلاپ سايلاپ چىقتى. ئەزالار ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، رەئىس شۆھرەت زاكىرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇزاكىرە قىلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى (لايىھە)»، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دوكلاتلارنى كېڭىشىپ مۇزاكىرە قىلدى، يۇقىرىدىكى دوكلاتلار ۋە ھۆججەتلەرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەمدە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بەردى. ئەزالار يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ۋە ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، چوڭقۇر كېڭىشىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يىغىن ئەمەلىيەتچىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، دۇرۇس كەيپىيات ئىچىدە، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، بۇ، ئىتتىپاقلىق يىغىنى، دېموكراتىك يىغىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان يىغىن بولدى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: ئۆتكەن بىر يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئاجايىپ بولغان، ئىنتايىن ئالاھىدە بىر يىل، شۇنداقلا شىنجاڭ خىزمىتى تارىخىدىكى نامايەندىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ۋە يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى. چېگىش ـ مۇرەككەپ خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەتئىي ئەمەلدە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، تەر ئاققۇزۇپ ھاسىلاتقا ئېرىشىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىجتىمائىي ئومۇملۇقىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلانغانلار ئىسىملىكى

(تۆت نەپەر)

(2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

پېڭ جيارۈي نۇرۇم ئىسمايىلقان (قازاق) دىلشات قىدىرقان (قىرغىز) ئېزىز مۇسا (ئۇيغۇر)


پېڭ جيارۈي


نۇرۇم ئىسمايىلقان


دىلشات قىدىرقان


ئېزىز مۇسا

## پېڭ جيارۈينىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

پېڭ جيارۈي، ئەر، خەنزۇ، 1961 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، گەنسۇ ۋۇۋېيدىن، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1983 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى سىرتتىن ئوقۇتۇش شۆيۈەنىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى پۈتكۈزگەن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.

1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ سىياسىي ـ قانۇن كادىرلار مەكتىپى جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى كادىرلار بۆلۈمىدە خادىم، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى بولغان؛ 1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى ئوبلاستلىق ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى پىلان ـ قوبۇل قىلىش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان؛ 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىچۈەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان؛ 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىچۈەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان (1990 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ قۇرۇلۇق ئارمىيە شۆيۈەنى ئۈرۈمچى شۆبە شۆيۈەنىدە سىياسىي خىزمەت كەسپىنى سىرتتىن ئوقۇغان؛ 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1993 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىدا ئوقۇغان)؛ 1995 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇتۇبى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت ھاكىم بولغان؛ 1995 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇتۇبى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم بولغان (1994 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى سىرتتىن ئوقۇتۇش شۆيۈەنىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇش داشۆسىدە ئوقۇغان)؛ 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ماناس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 1998 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ماناس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان (1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1998 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتلار شۆيۈەنى سانائەت ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ 2001 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2001 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 2001 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سانجى ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى بولغان؛ 2004 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2011 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يىزا ئىگىلىك 9 ـ شىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېيسى بولغان؛ 2011 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2015 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى (يىزا ئىگىلىك) 2 ـ شىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېيسى بولغان؛ 2015 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2016 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بولغان؛ 2016 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2016 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باش كاتىپ بولغان؛ 2016 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 2017 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 2017 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن ھازىرغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىلىڭيۈەن، جۇڭگو شىنجيەن گۇرۇھى شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى.

پارتىيە 17 ـ، 18 ـ، 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى. مەملىكەتلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

## نۇرۇم ئىسمايىلقاننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

نۇرۇم ئىسمايىلقان، ئەر، قازاق، 1962 ـ يىل 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان، شىنجاڭ تېكەستىن، 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە.

1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان؛ 1985 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە تەقسىمات كۈتكەن؛ 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1987 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى ئىقتىساد خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ خادىمى بولغان؛

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى تەكلىپ كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى تەكلىپلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى

(2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنى مەزگىلىدە، ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى ئورۇنلار ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىپ، «ئۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئۈچ چوڭ ئىش»نى ياخشى تۇتۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى پارتىيە، ھۆكۈمەت دىققەت قىلىۋاتقان، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، سىياسىي كېڭەش قىلالايدىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ تېما تاللاپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكلىپ ئارقىلىق پايدىلىق چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى.

2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 14 كىچە، جەمئىي 815 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى، «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى لايىھەسى»گە ئاساسەن، تەكلىپلەر ئەستايىدىل تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 704 پارچە تەكلىپ ئەنگە ئېلىندى. 111 پارچە تەكلىپ ـ پىكىر ۋە تەكلىپكە ئايلاندۇرۇلدى. ئەنگە ئېلىنغان تەكلىپلەر ئىچىدە، ئەزالار تەكلىپى 542 پارچە بولۇپ، 77%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەزالارنىڭ بىرلەشمە تەكلىپى 102 پارچە بولدى؛ كوللېكتىپ تەكلىپ 162 پارچە بولۇپ، 23%نى ئىگىلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەزالار تاپشۇرغان تەكلىپلەرنىڭ تېما تاللىنىشى تېخىمۇ توغرا، پىكرى تېخىمۇ كونكرېت، سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن بولۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەش تەركىبىدىكى ئورۇنلار ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ئېڭى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

ئەنگە ئېلىنغان تەكلىپلەر ئىچىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى تەكلىپلەر 284 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي ساننىڭ 40%نى ئىگىلىدى؛ سىياسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىكى تەكلىپلەر 41 پارچە بولۇپ، 6%نى ئىگىلىدى؛ جەمئىيەت قۇرۇلۇشى تۈرىدىكى تەكلىپلەر 227 پارچە بولۇپ، 32%نى ئىگىلىدى؛ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈرىدىكى تەكلىپلەر 92 پارچە بولۇپ، 13%نى ئىگىلىدى؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى تۈرىدىكى تەكلىپلەر 60 پارچە بولۇپ، 9%نى ئىگىلىدى. ئىنكاس بىرقەدەر مەركەزلىك بولغان تەكلىپلەر:

**بىرىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە.** ئاساسلىق تەكلىپلەر: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، يەرلىكنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە كەسپلىرىنى يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىش؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش، ئۈرۈمچىنىڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەقلىي ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى قۇرۇش، چېگرا بويلاپ سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ئېگىزلىكىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش؛ «قويۇۋېتىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش؛

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تولۇقلانغانلار ئىسىملىكى

(بىر نەپەر)

(2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

گاۋ جياڭخۇەي

# جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا تولۇقلانغان ئەزالار ئىسىملىكى

(ئۈچ نەپەر، ئىسىم ـ فامىلە بىخۇا تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

(2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

يې مېيجىن شياۋ ۋېنجياۋ جوۋ شۈيۇڭ